# قار - مۇز تەنھەركىتىنىڭ مەشئىلىنى ياندۇرۇش

(بېشى 4 - بەتتە)

بۇلتۇر يىل ئاخىردا، قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسىنىڭ قۇت بەلگىسى «بىڭدۇندۇن»، «شۆرۇڭرۇڭ» «چاڭئې 5 - نومۇر»دا ئايغا چىقىپ، ئولىمپىك بىلەن ئالەم قاتنىشى پەن - تېخنىكىسىنى يۇغۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتتى.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەيدان - ساراي قۇرۇلۇشىدا «ئىلغار پەن - تېخنىكا ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىش»كە ئالاقىدار تەلىپىمۇ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسى قۇرغۇچىلىرىنىڭ قەلبىگە ئىزچىل ئورناپ كەتتى. 2019 - يىلى 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، 36 سائەت ئۈزۈلدۈرمەي ئۇدا مەشغۇلات قىلىش ئارقىلىق، دۆلەت روللۇق چانا، چانا مۇسابىقە يولىنىڭ S6 بۆلىكىگە بېتون پۈركۈش ئوڭۇشلۇق تاماملىنىپ، مىللىمېتىر دەرىجىلىك پۈركۈش ئېنىقلىق دەرىجىسىگە يەتتى، بۇ، چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ بېتوننى بوشلۇقتا يۇقىرى زىچلىقتا كۈچلۈك پۈركۈپ شەكىللەندۈرۈش تېخنىكىسىغا بولغان مونوپوللۇقىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

مۇسابىقە يولى بۇلتۇر 11 - ئايدا خەلقئارا روللۇق چانا، چانا بىرلەشمىسىنىڭ مەيدان گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكەندە، خەلقئارا روللۇق چانا بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ئىۋو ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ: «بۇ مەن كۆرگەن ھەققەتەن ئەڭ قالتىس مەيدان. قاتتىق بولغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرى ئارقىسىدا، راۋان، مۇكەممەل بولغان تەشكىللەش خىزمىتىمۇ بىزدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى» دېدى.

يېقىندىن بېرى سېلىنغان كۆركەم دۆلەت تېز تېيىلىش سارىيى «بىڭسىدەي»دىمۇ قۇرۇلۇش قىلىش، مۇز توڭلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن يېڭى تېخنىكا، يېڭى ھۈنەر - سەنئەت قوللىنىلدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «مۇسابىقە مەيدان - سارايلىرىدىن قايتا - قايتا پايدىلىنىش، ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش، ئۇزاققىچە پايدىلىنىش»تىن ئىبارەت «جۇڭگو تەجرىبىسى»گە ئاساسەن، بېيجىڭ مۇسابىقە رايونى ھازىرقى بار بولغان مەيدان - سارايلاردىن ئەڭ زور چەكتە پايدىلاندى، مۇسابىقە ئۆتكۈزىدىغان ۋە مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلمەيدىغان 13 مەيدان - سارايىنىڭ 11ى 2008 - يىللىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسىنىڭ مىراسى ھېسابلىنىدۇ. «شۇيلىفاڭ» «بىڭلىفاڭ»غا ئۆزگىرىپ، دۇنيادىكى تۇنجى «سۇنىڭ ئورنىغا مۇز ئالماشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان» مەيدان - ساراي بولۇپ قالدى.

مۇھىت قوغداش مەسىلىسى ئىزچىل تاشقى دۇنيا كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتا. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: يېشىل ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشتە ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، بايلىق تېجەر، مۇھىت سۆيەر بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسى ئۈچۈن گۈزەل جۇڭگو ئاساسى رېڭى يارىتىش كېرەك.

بۇ خىل ئىدىيەنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بېيجىڭ، جاڭجياكوۋ، ھەتتا پۈتۈن مەملىكەت بىر مەيدان «كۆك ئاسماننى قوغداش جېڭى» قىلىۋاتىدۇ.

2020 - يىلى بېيجىڭدا PM 2.5 نىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە قويۇقلۇقى ھەر كۇب مېتىرنىڭ ئاران 38 مىكروگرام بولۇپ، بۇ سانلىق مەلۇمات 2013 - يىلى كۆزىتىش خاتىرىسى بار بولغاندىن بۇيانقى يېڭى تۆۋەن نۇقتىنى ياراتتى. قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسىگە تەييارلىق كۆرۈش باشلانغاندىن بۇيان، جۇڭلىدا 723 مىڭ مو يەردە يېڭىدىن ئورمان بىنا قىلىندى، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 2015 - يىلدىكى 52%تىن ئۆسۈپ ھازىرقى 67%كە يەتتى.

«جاڭبېينىڭ شامىلى بېيجىڭنىڭ چىرىغىنى يورۇتتى»، جاڭجياكوۋغا جايلاشقان جاڭبېي ئېلاستىكلىق تۇراقلىق توك قۇرۇلۇشى بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسىدە ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسى مەيدان - سارايلىرىنى يېشىل ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى بىلەن تولۇق قاپلاشنى تۇنجى قېتىم ئىشقا ئاشۇرىدۇ. يەنچىڭ مۇسابىقە رايونىغا ئەڭ ئاۋۋال كىرىپ تەكشۈرگىنى ئورمانچىلىق، سۇ ئىشلىرى ۋە مۇھىت قوغداش مۇتەخەسسىسلىرى بولدى، تۇنجى گۈرجەك تۇپا ئېلىنىشتىن بۇرۇن، ئۇلار ئالدى بىلەن ھايۋانات، ئۆسۈملۈك بايلىقىنى ئاساسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش ۋە قوغداش خىزمىتىنى ئىشلىدى.

2008 - يىلدىن 2022 - يىلغىچە، شوۋگاڭ گۇرۇھىنىڭ كۆچۈرۈلۈشى ئىككى نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسى بىلەن باغلىنىشلىق بولدى. ئەينى يىلى شوۋگاڭ گۇرۇھى 2008 - يىللىق بېيجىڭ يازلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسى ئۈچۈن پۈتۈن گەۋدە بويىچە كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن تاشلىنىپ قالغان سانائەت باغچە رايونى ھازىر تاشلاندۇقتىن گۆھەرگە ئايلاندى، ئورنىغا قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسىنىڭ قار تېيىلىش سەكرەش سۇپىسى مۇسابىقە مەيدانى «شۇيجىڭشىي» ياسالدى، بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسى تەشكىلىي كومىتېتىمۇ بۇ يەرگە بالدۇرلا كېلىپ بارگاھ قۇرۇپ جايلاشتى، قىشلىق تۈرلەر بويىچە دۆلەت دەرىجىلىك نۇرغۇن كوماندا بۇ يەردە يېڭى بازا قۇردى.

بۇ كونا سانائەت رايونى قايتا ياسالغان ئۆرنەك ۋاڭخۇڭ «داكا» جايغا ئايلاندى، باخ ئۇنىڭ «بىرىنچى مەستانە»سى. ئېگىزدىن قورقۇش كېسىلى بار باخ ئىلگىرى شوۋگاڭ گۇرۇھىنىڭ 3 - نومۇرلۇق دومنا پېچىغا كۆچەپ يامىشىپ چىقىپ، باغچە رايونىغا نەزەر سالدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنىڭ نېمىلىكىنى سىز پەقەت بۇ يەردە تۇرۇپ قارىسىڭىزلا بىلەلەيسىز».

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەلىپى بويىچە، قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسى تەشكىلىي كومىتېتى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىن يىغىنى ئارقىلىق ئالاقىدار خەلقئارا تەنتەربىيە تەشكىلاتلىرى بىلەن زىچ ئالاقىنى ساقلاپ، ماسلاشتۇرۇش كومىتېتى يىغىنى قاتارلىق مۇھىم يىغىنلارنى قەرەلىدە ئېچىپ، تەنتەربىيە ئىسخېمىسىنى توردا ئېلان قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆتكۈزۈپ، تۈرلۈك تەييارلىق كۆرۈش خىزمەتلىرىنىڭ تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

بۇلتۇر يىل ئاخىرىدىكى 9 - نۆۋەتلىك ئولىمپىك باشلىقلار يىغىنىنىڭ ئاخباراتىدا مۇنداق كۆرسىتىلدى: بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسىگە تەييارلىق كۆرۈشنىڭ ئىلگىرىلىشى «ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق» بولماقتا.

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش خىزمىتىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ «بۇ نۆۋەتلىك كاتتا مۇسابىقىنى ياخشى ئۆتكۈزۈشكە تولۇق ئىشەنچىمىز بار» دەپ بىلدۈردى، تېخىمۇ مۇھىمى، «ئېنىقسىزلىق» ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئولىمپىك تەنھەركىتىگە «تىنچلاندۇرۇش ئوكۇلى» سالدى.

## ئورتاق بەھرىلەنگەن، ئورتاق ئىگە بولغان «ئىككى پارچە جاۋاب قەغىزى»

2019 - يىلى 3 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگوڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگوڭتىڭى «2022 - يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسىنى پۇرسەت بىلىپ، قار - مۇز تەنھەركىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقىتىپ، قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسى، قىشلىق مېيىپلەر ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسىگە تەييارلىق كۆرۈش توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرما قىلغاندىن سىرت، يەنە ئاممىۋى خاراكتېرلىك قار - مۇز تەنھەركىتىنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ، ياشلار، ئۆسمۈرلەر قار - مۇز تەنھەركىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

باش شۇجىنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقى ۋە تۈرتكىسىدە، جۇڭگونىڭ قار - مۇز مەدەنىيىتى راۋاجلىنىپ ئومۇمىي يۈزلىنىشكە ئايلىنىپ، ئاممىۋى خاراكتېرلىك قىشلىق تەنھەركەت كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلدى. ئىلگىرى شەنخەيگۇەندىن ئىچكىرىگە كېڭەيمىگەن قار - مۇز تەنھەركىتى تېز سۈرئەتتە «جەنۇبتا قانات يايدۇرۇلدى، غەربتە كېڭەيتىلدى، شەرقتە كىرگۈزۈلدى»، مائارىپ ۋە تەنتەربىيە سىستېمىسىدىكىلەر بىرلىكتە ئالغا سىلجىتىۋاتقان «قار - مۇز تەنھەركىتىنى مەكتەپلەرگە كىرگۈزۈش»، 2022 - يىلدىن ئىلگىرى قار - مۇز تەنھەركىتى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ 100 شەھەر، 1000 مەكتەپ، مىليونلىغان ياشلار، ئۆسمۈرلەر توپىدا ئالغا سىلجىتىلدۇ.

خوۋ يۈچېن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر «ئۆسمۈر قار - مۇز تەنھەركەتچىسى». 2017 - يىلى 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسى جاڭجياكوۋ مۇسابىقە رايونىغا كېلىپ، تەييارلىق خىزمەتلىرىنى تەكشۈرگەندە، قار تېيىلىش قىشلىق لاگېرىغا قاتنىشىۋاتقان خوۋ يۈچېن شى جىنپىڭ بوۋىسى بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. «قار - مۇز تەنھەركىتىنى باللاردىن باشلاپ تۇتۇش كېرەك، كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر تەنھەركەتچىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.» باش شۇجىنىڭ سەمىمىي تەلىمى خوۋ يۈچېننىڭ قەلبىگە «قار - مۇز تەنھەركىتى ئۇرۇقى»نى سېلىپ قويدى.

تۆت يىل مابەينىدە، خوۋ يۈچېن قار تېيىلىش تېخنىكىسى جەھەتتە «يېڭى ماھىر»دىن ئاممىۋى قار تېيىلىش دەرىجىسى بويىچە يەتتىنچى دەرىجىگە ئۆرلىدى؛ قار تېيىلىش توغرىسىدا ھېچنېمە بىلمەسلىكتىن، مەكتەپتە قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسى بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان كىچىك مۇئەللىمگە ئايلاندى.

ئولىمپىك قار - مۇز تەنھەركىتى قىزغىنلىقىنىڭ تۈرتكىسىدە، جەنۇبتىكى نۇرغۇن رايونلاردىمۇ قار - مۇز ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى، جېجياڭ، گۈيجوۋ، خۇبېي قاتارلىق جايلار قار - مۇز ساياھىتى قىلىدىغانلار سانىنىڭ يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10% ئەتراپىدا مۇقىم ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

«قىش» شامىلى قار - مۇز تەنھەركىتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولدى، شۇنداقلا ئاق رەڭلىك ئىقتىسادنىڭ ئۇچقاندەك ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى.

«جۇڭگو قار - مۇز ساياھىتىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا دوكلات 2021»دە مۇنداق تىلغا ئېلىنىدى: 2020 - يىلدىن 2021 - يىلغىچە بولغان قار - مۇز پەسلىدە، دۆلىتىمىزدە قار - مۇز ئىستىراھەت ساياھىتى قىلىدىغانلار 230 مىليون ئادەم قېتىمغا يېتىشى، قار - مۇز ئىستىراھەت ساياھەت كىرىمى 390 مىليارد يۈەندىن ئېشىشى مۇمكىن.

بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق، قار - مۇز كەسپىنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان گۈزەل ئارزۇ باش شۇجىنىڭ سەممىي ئۈمىدى بىلەن مول مېۋە بەرمەكتە.

ۋاقتىنى قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىشتىن ئىلگىرىككە قويساق، دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيەدە ياشاۋاتقان جۇڭلىلىقلارنىڭ ھېچقايسىسى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزلىرىنىڭ كىچىك ناھىيە بازىرىنىڭ ئامېرىكا «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» تەرىپىدىن 2019 - يىللىق يەر شارىۋى ساياھەت مەنزىلگاھى قىلىپ تونۇشتۇرۇلىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغاندى.

بۇ گېزىتتە مۇنداق يېزىلغان: جۇڭلىدا «كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان» ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ، بۇ جاي ئۆتكەن بىرنەچچە يىلدا «چاقناپ تۇرغان قىشلىق تەنھەركەت مەركىزى»گە ئايلاندى. بېرىشقا ئەرزىيدىغان 52 ساياھەت مەنزىلگاھى ئىچىدە، جۇڭلى 32 - ئورۇنغا تىزىلدى.

بېيجىڭ - جاڭجياكوۋ يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى، بېيجىڭ - جۇڭلى يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى قاتارلىقلار كەينى - كەينىدىن قۇرۇلۇپ، قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسىنىڭ يانداش قۇرۇلۇشلىرى ئىچىدىكى بىر «مەركىزىي تۈگۈنلۈك ئارتېرىيە»نى جانلاندۇرۇپ، جاڭجياكوۋ، جۇڭلى، يەنچىڭ ۋە بېيجىڭ شەھەر رايونىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇردى، بۇ، يەنچىڭ، جاڭجياكوۋنىڭ پايتەختنىڭ «بىر سائەتلىك قاتناش چەمبىرىكى»گە رەسمىي كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، جۇڭلى يەنە ھەققىي تۈردە پايتەختتىكى قار تېيىلىش ھەۋەسكارلىرى بىر چامدىسىلا يېتىپ بارىدىغان مەنزىرىلىك جايغا ئايلاندى.

بۇ، بېيجىڭ - تيەنجىن - خېبېينىڭ ماس تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بىر تاختا چوڭ شاھمات، باش شۇجى بۇ توغرىدا ئالىيبۇرۇن ئىستراتېگىيەلىك پىلان تۈزۈپ بولغانىدى: خېبېي ئۆلكىسى، جاڭجياكوۋ شەھىرى تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى يولغا قويۇشقا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، بېيجىڭ - تيەنجىن - خېبېينىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشقا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى قۇرۇلۇشلارغا تۈرتكە بولۇپ، تىرىشىپ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق كۆرۈش ۋە ئۆز جايىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئىبارەت ئىككى پارچە ئەلا جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇشى كېرەك.

بىر گۇرۇپپا سانلىق مەلۇماتلاردىن جۇڭلىدا مۇشۇ يىللاردا نامايان بولغان ئۆزگىرىشلەرنى بىۋاستە كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ ——

قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاندىن كېيىن، قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسىنىڭ قار ئۈستى تۈرلىرى ئاساسلىق ئۆتكۈزۈلىدىغان جاي بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭلىنىڭ بارلىق مالىيە كىرىمى ھەر يىلى 200 مىليون يۈەنگە يېقىن سۈرئەت بىلەن ئاشتى، 2015 - يىلى مالىيە كىرىمى ئاران 440 مىليون يۈەن بولغان بولسا، 2018 - يىلىغا كەلگەندە 1 مىليارد يۈەنلىك چوڭ ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتتى.

بۈگۈنكى كۈندە، كىچىك شەھەرگە يەتتە چوڭ تىپتىكى قار تېيىلىش مەيدانى ئورۇنلاشتى، ئۇنىڭدا جەمئىي 169 قار تېيىلىش يولى بار. 2018 —— 2019 - يىللىق قار پەسلىدە، قار تېيىلىش بېلەتى مىليون پارچىدىن ئارتۇق سېتىلدى.

جۇڭلىدا، ھەر تۆت كىشىنىڭ بىرى قار - مۇزغا مۇناسىۋەتلىك خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. قار تېيىلىش مەيدانىدىكى بىر تىرىنېرنىڭ قار پەسلىدىكى كىرىمى ئاساسەن 50 - 40 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ؛ بىر ئادەتتىكى دېھقان ئائىلىسىنىڭ يىللىق كىرىمىمۇ 50 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ماس تەرەققىي قىلدۇرۇش» ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، بېيجىڭ - جاڭجياكوۋ رايونىدا قاتناش، ئېكولوگىيە، كەسىپ، ئاممىۋى مۇلازىمەت قاتارلىق ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىققا ئەگىشىپ، يەرلىكلەر ئىشىك ئالدىدا «قار تاماق قاچىسى»نى قولغا ئالدى، 2019 - يىلى 5 - ئايدا جۇڭلى رايونى دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيەلەر قاتارىدىن چېكىنىپ چىقىپ، نامراتلىقتىن ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلۇپ نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋەتتى!

«قار - مۇزلۇقمۇ بىر بايلىق.» باش شۇجىنىڭ مۇشۇ بىر جۈملە ئالتۇن سۆزىدىن جۇڭلىلىقلار چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدى.

بۇلتۇر قىشتا يۇقۇم سەۋەبىدىن بىر مەھەل تىجارەتنى توختىتىپ ئۆيدە دەم ئالغاندا كىرىم تېز ئازىيىپ كەتكەندىمۇ، جاڭجياكوۋ جۇڭلى تەيۇۋ قار تېيىلىش كىچىك بازىرىدىكى خىزمەتچى خادىم ليۇ شياۋفېي ئانچە جىددىيلىشىپ كەتمىدى.

ئۇ نۇرغۇن قىيىن كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا، نەنشەنياۋ كەنتىگە جايلاشقان يۇرتىدا تاغ - جىلغىلار تۇتاش بولۇپ، ئۆيلەرنىڭ لايدا سۇۋالغان كېسەكلىك تاشقى تېمىنى بىرلا كوچىلىسا سۇۋىقى چۈشۈپ كېتەتتى. ئەمما بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ قار تېيىلىش مەيدانىدا قار چېچىش ماشىنىسىنى ھەيدەيدۇ، ئايدا 7000 - 6000 يۈەن كىرىم قىلىدۇ، بىر ئائىلە كىشىلىرى شەھەر رايونىدىكى يېڭى بىنا ئۆيگە كۆچۈپ كىردى، كۈنلىرىنى راۋۇرۇس ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. «جۇڭلىلىقلارنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسىگە رەھمەت ئېيتىدۇ، قار تېيىلىش مەيدانلىرىغا رەھمەت ئېيتىدۇ».

قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسى ئارقىلىق تەقدىرىنى ئۆزگەرتكەنلەر يالغۇز جۇڭلىلىقلارلا ئەمەس.

بىرنەچچە يىل ئىلگىرى، يەنچىڭ رايونى جاڭشەنيىڭ بازىرى تيەنسۇيىڭ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى لاڭ ئېنگې تېخى ھېچكىم تونۇمايدىغان، 300دىن كۆپرەك قويى بار «قويچى» ئىدى؛ بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ بېيجىڭدىكى تۇنجى دېھقانلار قار تېيىلىش كوماندىسى، جاڭشەنيىڭ بازارلىق خەيتو قار تېيىلىش كوماندىسىنىڭ كوماندا باشلىقى بولۇپ، «داڭلىق شەخس»كە ئايلاندى.

پۇقرالارنىڭ خۇشاللىقىنى خۇشاللىق دەپ بىلگۈچىنىڭ خۇشاللىقىنى پۇقرالارمۇ خۇشاللىق دەپ بىلىدۇ. لاڭ ئېنگې مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى مەن پادىچىلار تايىقىنى تۇتقان بولسام، ھازىر مەن چاڭغىنى قولۇمغا ئالدىم. مەن قىزىقىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغان ئارزۇغا ئايلاندۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى پەقەت ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. بۇ ئارزۇ ماڭا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، مېنىڭ يۇرتۇمغا، بىزنىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىمىزگە تېخىمۇ مۇناسىۋەتلىك».

باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ يىللىق يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىدە مۇنداق دېدى: «ھەربىر كىشىنىڭ ھەممىسى قالتىس!»

ئائىلە دۆلەت بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولۇش، تەقدىرداش بولۇش. شەخسنىڭ ئارزۇسى، قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسى ئارزۇسى، تەنتەربىيە كۈچلۈك دۆلىتى ئارزۇسى جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇلۇغ تارىخىي مۇساپىسىگە قوشۇلماقتا.

## قار - مۇز تەنھەركىتى ئۇلۇغۋار پىلانى بىر نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەش

«2008 - يىللىق بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمى جۇڭگوغا مۇناسىۋەتلىك تارىخ دەرسىگە تېخىمۇ ئوخشايدۇ، بۇ قېتىمقى ئويۇن ئىلمىي فانتازىيەلىك فىلىمگە ئوخشايدۇ، مەن جۇڭگونىڭ كەلگۈسىنى كۆردۈم.» 2018 - يىلى 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، برازىلىيە FSB ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى ئابرادۇ ئانتونىيو مېندېس پيوڭچاڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدىكى «بېيجىڭنىڭ سەككىز مىنۇتى»نى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن شۇنداق دېدى.

مېندېس كۆرگەن «جۇڭگونىڭ كەلگۈسى» دۇنيانىڭمۇ كەلگۈسى. 2013 - يىلىلا، رەئىس شى جىنپىڭ روسىيە موسكۋا خەلقئارا مۇناسىۋەت شۆيۈەنىدە نۇتۇق سۆزلىگەندە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: بۇ دۇنيا بارغانسېرى بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان، ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىگە ئايلىنىۋاتىدۇ، تىنچلىق، تەرەققىيات، ھەمكارلىق، ئورتاق پايدا ئېلىش دەۋر ئېقىمىغا ئايلاندى.

بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسىگە تەييارلىق كۆرۈش جەريانى بۇ نۇقتىنى جانلىق شەرھلەپ بەردى.

باش شۇجىنىڭ «ئوچۇق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش» ئىدىيەسىگە ئەمەل قىلىپ، بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسى تەشكىلىي كومىتېتى ئالاھىدە تەكلىپلىك مۇتەخەسسىسلەر تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، مەيدان - سارايلارنى پىلانلاش، مۇسابىقە يوللىرىنى لايىھەلەش، مۇسابىقە تەشكىللەش، قار ئىشلىرى خىزمىتى قاتارلىق ساھەلەر بويىچە نۇرغۇن چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنى كىرگۈزدى. چەت ئەللىك تۆر مۇتەخەسسىسى نىكولاي 2016 - يىلى بىرىنچى قېتىم جۇڭگوغا كەلگەندە يەنچىڭ دۆلەت ئېگىز تاغدا قار تېيىلىش مەركىزىنى تەكشۈرۈشكە بارغانىدى. ئۇ بۈگۈنكى كۈندە قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسى تەشكىلىي كومىتېتى تەنتەربىيە بۆلۈمىدە ۋەزىپە ئۆتەپ، بېيجىڭدا تۇرمۇش كەچۈرمەكتە.

40 نەچچە يىلدىن بۇيان جۇڭگو سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى ئەزەلدىن توختىتىپ باقمىدى، بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسى بولسا جەزمەن جۇڭگو بىلەن دۇنيانىڭ ئالاقىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدىغان تېزلەتكۈچكە ئايلىنىدۇ.

بىر تەرەپتىن، جۇڭگونىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشىدىن نەپكە ئېرىشىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگومۇ ئولىمپىك تەنھەركىتى ۋە پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشىدۇ.

ئولىمپىك ئىسلاھات تەپەككۇرى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىككە ئىگە بولغان يېشىل، ھەممىبەھرە، ئوچۇق، پاك ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش ئىدىيەسى، دۆلەت روللۇق چانا مەركىزى ۋە «بىڭسىدەي» قاتارلىق مەيدان - سارايلار قۇرۇلۇشىدا نامايان قىلىنغان ئىلغار پەن - تېخنىكا، شوۋگاڭ گۇرۇھى كونا سانائەت رايونىنى ئۆزگەرتىش ۋە يەنچىڭ مۇسابىقە رايونىدا «تاغ، ئورمان مەيدان - سارىيى» بەرپا قىلىش مۇھىت قوغداش لايىھەسى … باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ تۈرتكىسىدە، بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسىگە تەييارلىق كۆرۈش جەريانى ھەم جۇڭگونىڭ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز يۈكسەلدۈرۈش، تېز تەرەققىي قىلىش جەريانى، تېخىمۇ مۇھىمى دۇنيانى جۇڭگو لايىھەسى، جۇڭگو ئەقىل - پاراسىتى، جۇڭگو تۆھپىسى بىلەن تەمىنلەش جەريانى بولىدۇ.

ئەگەر 2008 - يىللىق بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسىنى يەنىلا ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسىنىڭ ئۆلچىمىگە قاراپ توغرىلاندى دېسەك، بۈگۈنكى كۈندە قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسىگە تەييارلىق كۆرۈشتىكى يۈرۈشلۈك نەتىجىلەر بېيجىڭنىڭ يېڭى ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسى ئۆلچىمىنى تىكلەۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭ ئارقىسىدىكى دۆلەت كۈچىنىڭ شىددەت بىلەن ئېشىشى ۋە كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان مەدەنىيەت ئىشەنچى بار.

تىنچ تەرەققىي قىلىش، تەقدىرداش بولۇش. بۇ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنىڭ گۈزەل ئەسلىي مەقسىتى، شۇنداقلا ئولىمپىكنىڭ ئاخىرقى غايىسى.

يۈكسەك دەرىجىدە بىردەك بولغان مەنىۋى ئىچكى يادرو بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسىنى بۇ تەشەببۇسنىڭ يەنە بىر ئەمەلىيەت سۇپىسىغا ئايلاندۇرماقتا.

«ئۆزئارا بىلىشىش يىراق - يېقىن دەپ ئايرىلمايدۇ، ئايرىلىقمىز يىراق بولسىمۇ رىشتىمىز ئۈزۈلمەيدۇ.» باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: بېيجىڭنىڭ 2022 - يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش ھوقۇقىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېرىشىشى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر مەدەنىيىتى بىلەن ئالماشتۇرۇشى، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق.

خۇددى «ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش»تىن ئىبارەت بۇ تەشەببۇسنىڭ قۇدرەتلىك چاقىرىق كۈچى ۋە ھاياتىي كۈچىنى بارغانسېرى نامايان قىلىۋاتقىنىغا ئوخشاش، بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق كۆرۈشمۇ باشتىن - ئاخىر دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىپ، تېخىمۇ كەڭ ئېتىراپ قىلىش ۋە قوللاشقا ئېرىشتى.

روسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن 2018 - يىلى جۇڭگودا زىيارەتتە بولغان مەزگىلدە، رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن تيەنجىندە «مۇز توپ مەيدانىدا ئۇچرىشىپ»، بىر مەيدان جۇڭگو - روسىيە ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ مۇز توپ دوستلۇق مۇسابىقىسىنى بىرلىكتە كۆردى. پۇتىن مۇنداق دېدى: بۇنداق ياشلار، ئۆسمۈرلەر مۇز توپ تەنھەركىتى ئالاقىسىنىڭ روسىيە - جۇڭگو ئىككى دۆلەت دوستلۇقىنىڭ يېڭى ۋاستىسى بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇلتۇر 10 - ئايدا قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسى ۋە قىشلىق مېيىپلەر ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسىنىڭ دۇنيا تاراتقۇلار يىغىنى سىنلىق يىغىن شەكلىدە ئۆز قەرەلىدە ئېچىلدى. 400دىن ئارتۇق كىشى تىزىملىتىپ يىغىنغا قاتنىشىپ، بۇ قېتىمقى تاراتقۇلار يىغىنىنى قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسى تارىخىدىكى قاتناشقان ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بىر قېتىملىق يىغىنغا ئايلاندۇردى. بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسى تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسى، خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى تاراتقۇلارنى يۈرۈشتۈرۈش بۆلۈمىنىڭ سابىق باش نازارەتچىسى ئانتونىنى ئېدگار مۇنداق دېدى: «بۇ، دۇنيا تاراتقۇلىرىنىڭ بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسىگە ئىنتايىن قىزىقىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ».

تەنتەربىيە دۆلەت چېگراسى ۋە ئىرقتىن ھالقىغان بولۇپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق تىلى. ئولىمپىك دۇنياغا كەلگەن كۈندىن باشلاپلا تىنچلىق، دوستلۇققا ۋەكىللىك قىلىدىغان مەڭگۈلۈك ئىنتىلىش بولۇپ قالغان.

2018 - يىللىق پيوڭچاڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان «بېيجىڭنىڭ سەككىز مىنۇتى»دا، رەئىس شى جىنپىڭ سىن ئارقىلىق مۇنداق تەكلىپ بەردى: «مەن ۋە يۈز مىليونلىغان جۇڭگو خەلقى پۈتۈن دۇنيادىكى دوستلارنى قارشى ئالىمىز، 2022 - يىلى بېيجىڭدا ئۇچرىشايلى! سىلەرنى قارشى ئالىمىز، دوستلارنى قارشى ئالىمىز!»

**(قاتناشقان مۇخبىرلار: جاڭ شياۋسۇڭ، جۇ جىچەي، گاۋ پېڭ، ۋاڭ مىڭ، ۋاڭ يۇڭ، جاڭ شياۋ، ياڭ فەن، چېن چىڭ، ۋېي مىڭجيا)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى تېلېگراممىسى)**